# 135514 - ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېلخەت ئادرىسىغا ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ۋە بۇنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن تور سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىمەن، قىلىدىغان ئىشىم: يېڭى خېرىدارلارغا شىركەتنىڭ خىزمەتلىرىنى توغرىلايمەن: تەشۋىق قىلىش، خىزمەتلىرىمىزنى ئېلان قىلىش، ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلخەت ئارقىلىق قىلىمەن، بۇ يەردە مەن بىكىتكەن تور بەتلەرگە تىزىملىتىلغان ئېميىللارنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان پىرۇگراممىلار بار، مەن بۇ پىراگىراملارنى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىشلەتسەم بولامدۇ؟، تور بەت بىلەن كۆلۈب ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟. بۇنىڭ دەلىلى بارمۇ؟، دەلىلەر شىركەتنىڭ تور بېكىتىگە چىقىرىلىدۇ، شىركەت ئۆزىنىڭ ئېمىل ئادرىسىنى ھەممىگە چىقىرىدۇ، مەن ئېشىمنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ پىرۇگرامنى ئېلخەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشلەتسەم بولامدۇ؟، بىلىشىمچە، پىراگىراملارنىڭ بەزىنى ئىشلىتىش رۇخسەت قىلىنغان، بەزىسىنى زۆرۈر بولغاندا سېتىۋالالايمەن، ئاللاھ سىلەرگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن، سوئالنى ئۇزارتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈر تىلەيمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

نورمال تىجارەت قىلىش ياكى تور سودىسى قىلىش ئەسلىدە توغرا بولىدۇ، لېكىن شىركەت ياكى تور بەت ناخشا-مۇزىكا لىنتىلىرى، بىدئەت-بۇزۇقچىلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان كىتاپ ماتېرىياللىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، چەكلەنگەن -ھارام يېمەكلىكلەر، شەھۋانىي ژۇرنال قاتارلىق شەرىئەتتە كەسكىن چەكلەنگەن تاۋارلارنى ئۆز ئېچىگە ئالىدىكەن بۇنداق ئورۇندا ۋە بۇنداق سودىنى قىلىش چەكلىنىدۇ.

بىز بۇنىڭ ھەممىسىنى ئىلگىرى تور بەتلىرىدە سودا قىلىشنىڭ شەرئى كۆرسەتمىسىنى بايان قىلدۇق، شۇنداقلا 107677 - نومۇرلۇق سوئال جاۋابىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق، شۇنىڭغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: ئۆزىنىڭ تاۋارلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئېلخەت ئادرىسىنى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى تەپسىلى بايان قىلىمىز:

1-تور بەت ياكى تور كۆلۈبى ئەسلىدە ئۆزىگە تەۋە بولغانلارغا خەۋەر قىلىپ ئۆزىنىڭ ئېلخەت ئادرىسىنى ئۇلارغا بېرىدۇ، ئۇلار شىركەتنىڭ ئېلىكترونلۇق سودا بازىرى ۋە ئېلخەت تىزىملىكىگە كىرىپ سودا قىلىدۇ، شۇنىڭ

ئۈچۈن سىزمۇ ئۇ  تور بەتلەر ۋە تور كۆلۈپلىرىنىڭ ئېلخەت تىزىملىكىگە كىرىپ ئۇنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

2-تور بەت ياكى تور كۆلۈپلىرى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۇلارنىڭ تور بەتنىڭ ئېلخەت تىزىملىكىدە سودا قىلىش ھەققى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلمىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ يەرگە كىرىپ ئېلخەتلەردىن پايدىلىنىپ سودا قىلىش توغرا بولمايدۇ، بۇ شىركەتنىڭ ئامانىتى ، بۇنداق تور بەت ياكى تور كۆلۈبى بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ.

3-تور بەتنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يېتىش ئۈچۈن چېگرا ئاچىدىغان تور قاراقچىلىقى پىروگراممىسىنى ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش، باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشتۇر، بەزىلەر بۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئېمېل ئادرېسىغىمۇ تاجاۋۇز قىلىدۇ.

4- باشقىلار ئۆزىنىڭ ئېمېل ئادرېسىنى تور بەت ياكى تور كۆلۈبىدا ئاشكارا قويغان بولسا،  سودا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دۇرۇس بولغان تاۋارلىرىنى ئەۋەتسە ۋە تاۋارلارنى ئەۋەتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېمېل توپلايدىغان پىرۇگراممىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

5- ئېرىشكەن ئېلخەتلەرگە تاۋارلارنى ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلخەتنىڭ ساھىبى ئۆزىنىڭ مۇنداق تور سودىسىغا ئېشتىراك قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قايتا بىر نەرسە ئەۋەتمەسلىكنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭغا قايتا ئەۋەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى بىر كىشىنىڭ ئېمېل ئادرېسىنى ئوچۇق قويغانلىقى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىنى قوبۇل قىلمەن دېگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ رىغبىتىنى ئېھتىرام قىلىپ، ئۇلارغا قايتا بىر نەرسە ئەۋەتمەسلىك كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلىدۇ.